بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# ئىسلام ئاۋازى

## 47- سان

(قوش ھەپتىلىك گېزىت)

# بۇلاقتىن تامچە

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذينَ كَفَرُواْ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَاء بَعْضٍ إِلاَّ تَفْعَلُوهُ تَكُن فِتْنَةٌ فِي الأَرْضِ وَفَسَادٌ كَبِيرٌ ۞ وَالَّذِينَ آمَنُواْ وَهَاجَرُواْ وَجَاهَدُواْ فِي سَبِيلِ اللّهِ وَالَّذِينَ آوَواْ وَّنَصَرُواْ أُولَئِكَ هُمُ الْمُؤْمِنُونَ حَقًّا لَّهُم مَّغْفِرَةٌ وَرِزْقٌ كَرِيمٌ ۞ وَالَّذِينَ آمَنُواْ مِن بَعْدُ وَهَاجَرُواْ وَجَاهَدُواْ مَعَكُمْ فَأُوْلَئِكَ مِنكُمْ وَأُوْلُواْ الأَرْحَامِ بَعْضُهُمْ أَوْلَى بِبَعْضٍ فِي كِتَابِ اللّهِ إِنَّ اللّهَ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ ۞﴾.

### ئايەتنىڭ تەرجىمىسى

«كاپىرلار (ياردەمدە ۋە مىراستا) بىر-بىرىگە ئەگىشىدۇ، ئەگەر بۇ ھۆكۈمگە ئەمەل قىلمىساڭلار يەر يۈزىدە پىتنە ۋە چوڭ قالايمىقانچىلىق تۇغۇلىدۇ [73]. ئىمان ئېيتقانلار، (مەدىنىگە) ھىجرەت قىلغانلار، الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلار، (يۇرتىدا مۇھاجىرلارغا) جاي بەرگەنلەر ۋە ياردەم كۆرسەتكەنلەر (يەنى ئەنسارىلار) — ئەنە شۇلار ھەقىقىي مۇئمىنلەردۇر، ئۇلار (نىڭ گۇناھى) مەغپىرەت قىلىنىدۇ، ئۇلار (جەننەتتە) ئېسىل رىزىققا ئىگە بولىدۇ [74]. كېيىن ئىمان ئېيتىپ (مەدىنىگە) ھىجرەت قىلغانلار ۋە سىلەر بىلەن بىللە جىھاد قىلغانلار سىلەردىن سانىلىدۇ. الله نىڭ ھۆكمىدە ئۇرۇق-تۇغقانلار بىر-بىرىگە مىراسخور بولۇشقا (ياتلاردىن) ئەڭ ھەقلىقتۇر، شۈبھىسىزكى، الله ھەر شەيئىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر [75]» (سۈرە ئەنفال 73- ئايەتتىن 75- ئايەتكىچە).

### ئايەتنىڭ تەپسىرى

سەييىد قۇتۇب رحمه الله مۇنداق دەيدۇ: ھەقىقەتەن، ئىشلار بىز ئىلگىرى بايان قىلغىنىمىزغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ خاراكتېرى بويىچە داۋام قىلىدۇ. يەنى، جاھىلىيەت جەمئىيىتى يەككە ئەزالار سۈپىتىدە ھەرىكەت قىلماستىن بەلكى پەقەت شۇ جاھىلىيەت جەمئىيىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ۋە شەكىللىنىشىنىڭ خاراكتېرى بويىچە ئۆز ئەزالىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرىدىغان تەشكىلىي گەۋدە سۈپىتىدە ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇنىڭدىن مەقسەت، شۇ جاھىلىيەت جەمئىيىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە گەۋدىسىنى ئۆز ئىچىدىن قوغداشتۇر شۇڭا بۇلار (يەنى جاھىلىيەت جەمئىيىتى ئەزالىرى) خاراكتېرى جەھەتتە ۋە ھۆكۈم جەھەتتە بىر-بىرىنى قوللايدىغانلاردۇر. شۇ تۈپەيلىدىن، ئىسلام ئەنە شۇ جاھىلىيەت جەمئىيىتىدىكىلەرگە پەقەت ئۆز ئالدىغا ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرى بار بولغان شۇنداقلا بۇ خۇسۇسىيەتلەر ئىنتايىن چوڭقۇر ۋە مۇستەھكەم بولغان يەنە بىر جەمئىيەت قىياپىتىدىلا ئاندىن تاقابىل تۇرالايدۇ. ئەگەر ئىسلام جاھىلىيەت جەمئىيىتىدىكىلەرگە ئۆز ئەزالىرى بىر-بىرىنى قوللايدىغان بىر جەمئىيەت سۈپىتىدە تاقابىل تۇرمايدىغان بولسا، ئىسلامىي جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ جاھىلىيەت جەمئىيىتىدىن پىتنىلىنىش ئەھۋالى مەيدانغا كېلىدۇ (چۈنكى ئۇلار ئەزالىرى بىر-بىرىنى قوللاۋاتقان بىر جاھىلىيەت جەمئىيىتىگە تاقابىل تۇرۇش كۈچىگە ئىگە بولالمىغان بولىدۇ)، جاھىلىيەت بارلىققا كېلىپ بولغان ئىسلام ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش سەۋەبلىك يەر يۈزىدە ئومۇميۈزلۈك پىتنە يۈز بېرىدۇ ھەمدە يەر يۈزىنى جاھىلىيەتنىڭ ئىسلامغا تاجاۋۇز قىلىشى ۋە بەندىلەرگە قۇللۇق قىلىش الله قا قۇللۇق قىلىشنىڭ ئورنىنى ئېلىشىدىن ئىبارەت پىتنە يۈز بېرىدۇ. مانا بۇ — ئەڭ چوڭ پاسات ۋە ئەڭ چوڭ بۇزغۇنچىلىقتۇر: «ئەگەر بۇ ھۆكۈمگە ئەمەل قىلمىساڭلار، يەر يۈزىدە پىتنە ۋە چوڭ قالايمىقانچىلىق تۇغۇلىدۇ»...

مانا بۇ ئاگاھلاندۇرۇشتىن كۈچلۈكرەك ئاگاھلاندۇرۇش يوقتۇر. بىر رەھبەرلىككە ۋە بىر-بىرىنى قوللاشقا ئىگە بولغان ھەرىكەتچان بىر تەشكىلىي گەۋدە ئاساسىدا ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى قۇرالمايدىغان مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ تىرىكچىلىكىدىكى بىر تالاي يۈكلەرنى كۆتۈرگەندىن باشقا، يەنە ئۇلارغا يەر يۈزىدە يۈز بەرگەن ئەنە شۇ پىتنە ۋە چوڭ قالايمىقانچىلىقنىڭ مەسئۇلىيىتىمۇ يۈكلىنىدۇ.

قۇرئاننىڭ بايان قىلىش جەريانى شۇنى كەسكىن قارار قىلىدۇكى، ھەقىقىي ئىمان پەقەت مۇنۇ قىياپەتتىلا گەۋدىلىنىدۇ: «ئىمان ئېيتقانلار، (مەدىنىگە) ھىجرەت قىلغانلار، الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلار، (يۇرتىدا مۇھاجىرلارغا) جاي بەرگەنلەر ۋە ياردەم كۆرسەتكەنلەر (يەنى ئەنسارىلار) — ئەنە شۇلار ھەقىقىي مۇئمىنلەردۇر، ئۇلار (نىڭ گۇناھى) مەغپىرەت قىلىنىدۇ، ئۇلار (جەننەتتە) ئېسىل رىزىققا ئىگە بولىدۇ»...

ئەنە شۇلار ھەقىقىي مۇئمىنلەردۇر... مانا بۇ — ئىماننى گەۋدىلەندۈرىدىغان ھەقىقىي قىياپەت ۋە كۆرۈنۈشتۇر... مانا بۇ — مۇشۇ دىننىڭ ھەقىقىي ئۆسۈپ يېتىلىش ۋە مەۋجۇتلۇقىنىڭ كۆرۈنۈشىدۇر. پەقەت نەزەرىيىۋى قائىدىنى ئېلان قىلىپ قويۇش ياكى نۇقۇل قەلبىدە ئېتىقاد قىلىپ قويۇش ۋە ياكى دىنىي مۇراسىملارنى بىجىرىپ قويۇشنىڭ ئۆزىلا ئىسلامنىڭ ھەقىقىي مەۋجۇتلۇقىنى بىلدۈرمەيدۇ چۈنكى بۇ دىن — بىر ھايات پروگراممىسى (يەنى تۇرمۇش يولى) بولۇپ، بۇ تۇرمۇش يولى ھەرىكەتچان گەۋدە ئىچىدە ئىپادىلەنمىسە، ئۇنىڭدىن باشقا ھالەتتە ئۆزىنىڭ ئەمەلىي مەۋجۇتلۇقىنى ئىپادىلىيەلمەيدۇ...

ئەمما بۇ دىننىڭ قەلبتىكى ئەقىدە شەكلىدە مەۋجۇت بولۇشى بولسا ھۆكمى مەۋجۇتلۇق (يەنى نەزەرىيە جەھەتتىكى مەۋجۇتلۇق) بولۇپ، ئەگەر ئۇ رېئاللىققا ۋە ھەرىكەتچانلىققا ئىگە بولغان بىر قىياپەت ۋە كۆرۈنۈشتە گەۋدىلەنمەيدىكەن، ئۇنداقتا، بۇ دىن «ھەقىقىي»غا ئايلىنالمايدۇ: «ئەنە شۇلار ھەقىقىي مۇئمىنلەردۇر، ئۇلار (نىڭ گۇناھى) مەغپىرەت قىلىنىدۇ، ئۇلار (جەننەتتە) ئېسىل رىزىققا ئىگە بولىدۇ»...

رىزىق بۇ يەردە جىھاد، الله يولىدا چىقىم قىلىش، مۇھاجىرلارنى قانات ئاستىغا ئېلىش ۋە مۇھاجىرلارغا ئەنسارىلىق قىلىش (يەنى قوللاش) قاتارلىق بىر تۈرلۈك شەرىئەت تاپشۇرۇقلىرى مۇناسىۋىتى بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە گۇناھلارنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشىمۇ بار، مانا بۇ ھەم ئېسىل رىزىق قاتارىغا كىرىدۇ، بەلكى بۇ ئەڭ ئېسىل رىزىق ھېسابلىنىدۇ.

ئاندىن كېيىن، شۇ دەسلەپكى مۇھاجىرلاردىن كېيىن ھىجرەت قىلغان ۋە جىھاد قىلغان ھەرقانداق كىشىلەر تۇنجى قاتلامدىكى مۇھاجىر، مۇجاھىدلارنىڭ قاتارىغا كىرىپ كېتىدۇ (خۇددى قۇرئاننىڭ باشقا تېكىستلىرى بايان قىلغاندەك، تۇنجى تەبىقىدىكىلەر ئالاھىدە كاتتا دەرىجىگە ئىگە بولسىمۇ) مانا بۇ قىياس (يەنى ئىلگىرىكىلەرنى كېيىنكىلەرنىڭ قاتارىغا كىرگۈزۈش) — ئىسلامىي جەمئىيەتتىكى ئەزالىق ۋە بىر-بىرىنى قوللاش توغرىسىدىكى قىياستۇر: «كېيىن ئىمان ئېيتىپ (مەدىنىگە) ھىجرەت قىلغانلار ۋە سىلەر بىلەن بىللە جىھاد قىلغانلار سىلەردىن سانىلىدۇ»...

ھەقىقەتەن، ھىجرەتنى شەرت قىلىش مەككە فەتھ قىلىنغانغا قەدەر مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. ئەرەب زېمىنى ئىسلامغا ۋە ئىسلام رەھبەرلىكىگە بويسۇنغان ۋە كىشىلەر ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەرتىپ ۋە ئىنتىزامىغا كىرگەندىن كېيىن (بولۇپمۇ مەككە فەتھ قىلىنغاندىن كېيىن) خۇددى رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتقاندەك پەرز ھىجرەت قالمىدى لېكىن جىھاد ۋە ھەرىكەت ئىزچىل داۋاملىشىدۇ. ئىسلام يەر يۈزىدە ھۆكۈم سۈرگەن 1200 يىل مابەينىدە ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۈزۈلۈپ قالماستىن الله نىڭ شەرىئىتى ۋە ھۆكۈمرانلىقى ئاساسىدىكى ئىسلام رەھبەرلىكى ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلدى... ئەمما بۈگۈنكى كۈندە يەر يۈزى يەنە جاھىلىيەتكە قايتتى. الله نىڭ ھۆكمى كىشىلەرنىڭ ھاياتىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. پۈتۈن يەر يۈزىدىكى ھاكىمىيەت (يەنى ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى) تاغۇتقا قايتىپ كەلدى. كىشىلەر ئىسلام سەۋەبلىك قۇتۇلغان بەندىلەرگە بەندىچىلىك (قۇللۇقچىلىق) قىلىشقا يەنە قايتىشتى. مانا ئەمدى ئىسلامنى يەنە بىر قېتىم يېڭىدىن جانلاندۇرۇش ھەرىكىتى باشلاندى. ئىسلامنىڭ تەشكىل ھالەتتىكى بۇ خىل باسقۇچلۇق ئەھكاملىرى ئىسلام ۋە ھىجرەت يۇرتى قۇرۇلغانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ. ئاندىن كېيىن ئىسلامنىڭ سايىسى الله نىڭ ئىزنى بىلەن كېڭىيىدۇ، شۇ چاغدا ھىجرەتمۇ بولمايدۇ لېكىن جىھاد ۋە ھەرىكەت خۇددى تۇنجى مۇسۇلمانلاردا (يەنى دەسلەپكى مۇھاجىر، ئەنسارىلاردا) داۋاملاشقاندەك ئىزچىل داۋاملىشىدۇ...

ھەقىقەتەن، ئىسلامىي گەۋدىنىڭ دەسلەپكى قۇرۇلۇش باسقۇچىغا خاس بولغان ئەھكاملار بار ئىدى... ئەقىدە سەۋەبلىك بىر-بىرىنى قوللاش بولسا قانداشلىق سەۋەبىدىن بولغان قوللاشنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن. مەسىلەن، ئۆز-ئارا بىر-بىرىگە ۋارىس بولۇش ۋە دىيەت ھەم قەرزلەرنى ئۆز-ئارا بىر-بىرىگە كېپىل بولۇپ تۆلەش قاتارلىق مەسىلىلەرگە ئوخشاش... فۇرقان كۈنى (يەنى بەدر كۈنىدىن ئىبارەت ھەق بىلەن باتىلنىڭ ئارىسىنى ئايرىيدىغان ھەل قىلغۇچ جەڭ كۈنى)دە ئىسلامىي مەۋجۇتلۇق ۋە ئىسلامىي گەۋدە تەمكىنلىككە (يەنى مۇستەھكەم پۇت دەسسەپ تۇرۇشقا) ئېرىشكەندىن كېيىن، دەسلەپكى قۇرۇلۇش ھەرىكىتىگە زۆرۈر بولغان ۋە بۇ ھەرىكەتنىڭ ئايرىم ئۆزىگە خاس بولغان تاپشۇرۇقلىرىغا يۈزلىنىۋاتقان مانا بۇ ئۆتكۈنچى مەزگىللىك ئەھكاملارغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى: «الله نىڭ ھۆكمىدە، ئۇرۇق-تۇغقانلار بىر-بىرىگە مىراسخور بولۇشقا (ياتلاردىن) ئەڭ ھەقلىقتۇر»...

دېمەك، ئىسلامنىڭ ئەمەلىي مەۋجۇتلۇقى مۇستەھكەملىنىپ بولغاندىن كېيىن يېقىن تۇغقانلارنىڭ ئىسلام كاتېگورىيىسى ئىچىدە بىر-بىرىگە مىراسخور بولۇشىدا ھېچ مەسىلە يوقتۇر... مانا بۇ — ئىنسان پىسخىكىسىدىكى تەبىئىي ئېھتىياجغا ئاۋاز قوشقانلىقتۇر چۈنكى ئىسلام ئىنسان پىترىتىنى (يەنى تۇغما خاراكتېرىنى) ۋەيران قىلىۋەتمەستىن بەلكى ئۇنى ئىنتىزامغا سالىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، پىترەت ئىسلامىي مەۋجۇتلۇقنىڭ ئەڭ يۇقىرى ھاجەتلىرى بىلەنمۇ قول تۇتۇشۇپ ماڭالايدۇ. شۇ تۈپەيلى، ئىسلامىي ھەرىكەتتە ئۆتكۈنچى ئالاھىدە ۋاقىتلارنىڭ ئۆزىگە چۈشلۇق ئالاھىدە ئەھكاملىرى بار. مانا بۇ ئالاھىدە ئەھكاملار ئىسلامنىڭ ئاخىرىدا نازىل بولغان ئەھكاملارغا ئوخشىمايدۇ چۈنكى ئاخىرىدا نازىل بولغان ئەھكاملار بولسا خاتىرجەم ۋە مۇستەھكەم بولغان تىنچ جەمئىيەتكە ھۆكۈم قىلىدىغان ئەھكاملاردۇر. شۇنىڭدەك، بىز ئىسلام قۇرۇلۇشىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچ خاراكتېرلىك تەكلىپاتلىرى ۋە ئەھكاملىرى بىلەن ئىسلام قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتكەن ۋاقتىدىكى ئەھكاملىرى ۋە ئۇنىڭ تەبىئىتىنى چوڭقۇر چۈشىنىۋېلىشىمىز لازىم...

«شۈبھىسىزكى، الله ھەر شەيئىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر»... مانا بۇ ئاخىرقى بايان يۇقىرىقى ھۆكۈملەرگە، ئىنتىزاملارغا ۋە ھېس-تۇيغۇلارغا ئىنتايىن مۇناسىپتۇر چۈنكى الله نىڭ ئىلمى (يەنى بىلىشى) ھەر شەيئىنى قورشاپ تۇرىدىغان بىلىشتۇر.

# دىنىي ئەھكاملار

## ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسى ھەققىدە چۈشەنچە

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە شۇنىڭغا شەكسىز ئىمان كەلتۈرىدۇكى، الله تعالى ئىتائەتنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇنىڭغا بۇيرۇيدۇ ۋە ئۇنى مۇكاپاتلايدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاسىيلىقنى ئۆچ كۆرىدۇ، ئۇنىڭدىن چەكلەيدۇ ۋە ئۇنى قىلغۇچىنى جازالايدۇ؛ ئۆز پەزلى-ئېھسانى بىلەن خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلىسا، خالىغان كىشىنى ئۆز ھېكمىتى ۋە ئادالىتى بىلەن ئازدۇرىدۇ. الله تعالى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِن تَكْفُرُوا فَإِنَّ اللَّهَ غَنِيٌّ عَنكُمْ وَلَا يَرْضَىٰ لِعِبَادِهِ الْكُفْرَ وَإِن تَشْكُرُوا يَرْضَهُ لَكُمْ وَلَا تَزِرُ وَازِرَةٌ وِزْرَ أُخْرَىٰ ثُمَّ إِلَىٰ رَبِّكُم مَّرْجِعُكُمْ فَيُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ إِنَّهُ عَلِيمٌ بِذَاتِ الصُّدُورِ﴾ «ئەگەر كاپىر بولساڭلار الله سىلەردىن بىھاجەتتۇر، الله بەندىلىرىنىڭ كاپىر بولۇشىغا رازى بولمايدۇ. ئەگەر سىلەر شۈكۈر قىلساڭلار، الله سىلەرنىڭ قىلغان شۈكۈرۈڭلاردىن رازى بولىدۇ، بىر گۇناھكار ئادەم باشقا بىراۋنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ (يەنى ھەر ئادەم قىلغان گۇناھىغا ئۆزى جاۋابكار بولىدۇ)، ئاندىن سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، الله قىلمىشىڭلارنى سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ، الله ھەقىقەتەن دىللاردىكى سىرلارنى تولۇق بىلگۈچىدۇر» (سۈرە زۇمەر 7- ئايەت).

الله تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاعْلَمُوا أَنَّ فِيكُمْ رَسُولَ اللَّهِ لَوْ يُطِيعُكُمْ فِي كَثِيرٍ مِّنَ الْأَمْرِ لَعَنِتُّمْ وَلَكِنَّ اللَّهَ حَبَّبَ إِلَيْكُمُ الْإِيمَانَ وَزَيَّنَهُ فِي قُلُوبِكُمْ وَكَرَّهَ إِلَيْكُمُ الْكُفْرَ وَالْفُسُوقَ وَالْعِصْيَانَ أُولَئِكَ هُمُ الرَّاشِدُونَ﴾ «بىلىڭلاركى، ئىچىڭلاردا رەسۇلۇللاھ (يەنى الله نىڭ پەيغەمبىرى) بار، ئەگەر ئۇ نۇرغۇن ئىشلاردا سىلەرگە ئىتائەت قىلىدىغان بولسا، چوقۇم قىيىن ئەھۋالدا قالاتتىڭلار لېكىن الله سىلەرگە ئىماننى قىزغىن سۆيگۈزدى ۋە ئۇنى دىلىڭلاردا كۆركەم قىلدى، سىلەرگە پىسقىنى، كۇفرىنى ۋە گۇناھنى يامان كۆرسەتتى، ئەنە شۇلار الله نىڭ پەزلى ۋە نېمىتى بىلەن توغرا يولدا بولغۇچىلاردۇر» (سۈرە ھۇجۇرات 7- ئايەت).

الله ئازدۇرغان كىشىنىڭ ھېچقانداق ئۆزرىسى ۋە باھانىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ چۈنكى الله تعالى (بەندىلەرگە) ئۆزرە قالدۇرماسلىق ئۈچۈن ئاللىبۇرۇن پەيغەمبەر ئەۋەتىپ بولغان. ئۇ زات بەندىنىڭ ئىش-ھەرىكىتىنى شۇ بەندىنىڭ ئۆزى قىلغانغا ھېساب قىلدى ۋە بەندىنى تاقىتى يەتكەندىن باشقىغا بۇيرۇمىدى. بۇ توغرىلىق الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿الْيَوْمَ تُجْزَىٰ كُلُّ نَفْسٍ بِمَا كَسَبَتْ لَا ظُلْمَ الْيَوْمَ إِنَّ اللَّهَ سَرِيعُ الْحِسَابِ﴾ «بۈگۈن ھەر ئادەمگە قىلغان ئەمەلىگە يارىشا جازا بېرىلىدۇ، بۈگۈن زۇلۇم يوقتۇر، الله ھەقىقەتەن تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر» (سۈرە غافىر 17- ئايەت).

الله تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّا هَدَيْنَاهُ السَّبِيلَ إِمَّا شَاكِرًا وَإِمَّا كَفُورًا﴾ «شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭغا بىز (پەيغەمبەر ئەۋەتىش بىلەن ياخشى-يامان) يولنى كۆرسەتتۇق، ئۇ

(ئاخىرى 2- بەتتە)








■5- ئاينىڭ 10- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ بەدەخشان ۋىلايىتى نۇئاباب رايونىدا مۇرتەد ئارمىيىنىڭ ئەسكىرىي مەسئۇلىغا قارىتا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 4 نەپەر ئەسكىرىي مەسئۇلنى قوغدىغۇچىلىرى بىلەن بىللە ئۆلتۈرگەن.

■5- ئاينىڭ 11- كۈنى شام مۇجاھىدلىرى سۈرىيىنىڭ ھەلەب شەھىرىنىڭ مەئدى رايونىدا بەششار ئەسەد ئەسكەرلىرىگە قارشى مىنا ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 4 نەپەر ئەسكەرنى ئۆلتۈرۈپ، 10 نەچچىسىنى يارىلاندۇرغان.

■ 5- ئاينىڭ 11- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالى پايتەختى مۇقدىشۇنىڭ ئىلشا رايونىدا مىنا ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، جەمئىي 17 نەپەر ئىستىخبارات ۋە بىخەتەرلىك ئەمەلدارلىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە يارىلاندۇرغان.

■ئامېرىكا ئىسرائىلىيىدىكى ئەلچىخانىسىنى ئىسرائىلىيىنىڭ تېل ئاۋىۋ شەھىرىدىن قۇددۇس شەھىرىگە رەسمىي ھالدا يۆتكىدى.

■ 5- ئاينىڭ 12- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ بولۇمرىر شەھىرىدىكى مۇرتەد ئارمىيىنىڭ بىر بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتىغا مىنا قويۇپ پارتلىتىپ، 7 نەپەر مۇرتەد ئارمىيە ئەسكىرىنى ئۆلتۈرگەن.

■ 5- ئاينىڭ 13- كۈنى تاجاۋۇزچى ئامېرىكا ئەسكەرلىرى ۋە مۇرتەد ئارمىيە ئالاھىدە قىسىم ئەسكەرلىرى ئافغانىستاننىڭ ھىلمەند ۋىلايىتى نارسىراج رايونىدىكى مۇجاھىدلارنىڭ نۇقتىلىرىغا قارىتا تىكئۇچار ئايروپىلان بىلەن ھۇجۇم قىلىپ ئەسكەر تاشلىماقچى بولغان. مۇجاھىدلار ئۇلار بىلەن قاتتىق جەڭ قىلىش نەتىجىسىدە تىكئۇچار ئايروپىلاننى نىشانلاپ پاچاقلىۋەتكەن. ئاخىردا ئامېرىكا ئەسكەرلىرى بىلەن مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرى چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان.

■ 5- ئاينىڭ 14- كۈنى ئافغانىستاننىڭ بادغىس ۋىلايىتى قادىس رايونىدا مۇرتەد ئارمىيە ئىچىدىكى 15 نەپەر قوماندان قول ئاستىدىكى 500 نەپەر ئەسكەر ۋە جەندۇس زەھەكىم مەنتىقىلىرىدىكى 10 مىڭ نەپەر ئائىلىلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلقلەر بىلەن بىللە ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى سېپىگە قېتىلغان.

■ 5- ئاينىڭ 14- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ فەراھ ۋىلايىتىنىڭ مەركىزىي شەھىرى فەراھقا قارىتا كەڭ كۆلەملىك جەڭ ئەمەلىيىتىنى باشلىغان بولۇپ، ھازىرغىچە كۆپلىگەن ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە ئىستىخبارات مەركەزلىرىنى فەتھ قىلغان. جەڭ جەريانىدا فەراھ شەھىرىنىڭ باش ئەسكىرىي مەسئۇلى ۋە ئىستىخبارات مەركىزىنىڭ مەسئۇلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 31 نەپەر ئەسكەر ئۆلتۈرۈلگەن ۋە كۆپلىگەن ئەسكەرلەر ئەسىر ئېلىنغان. ئەتىسى ئەتىگەندە يەنى 5- ئاينىڭ 15- كۈنى بىر نەپەر مۇجاھىد قېرىندىشىمىز مۇرتەد ئارمىيە ئالاھىدە قىسىم ئەسكەرلىرىنىڭ مەركىزىگە قارىتا پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 12 نەپەر ئالاھىدە قىسىم ئەسكىرى ئۆلگەن بولۇپ، بۇ جەڭ ھازىرمۇ داۋاملاشماقتا.

■5- ئاينىڭ 14- كۈنى شام مۇجاھىدلىرى ئىدلىب ۋىلايىتىنىڭ كەفەرىيا يېزىسىدىكى بەششار ئەسەد ئارمىيىسىنىڭ نۇقتىلىرىغا قارىتا ئىنغىماس ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، 10 نەپەر شىئە كاپىرلىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە بۇ يەردىن ساق-سالامەت چېكىنىپ چىققان.

■5- ئاينىڭ 18- كۈنى شام مۇجاھىدلىرى سۈرىيىنىڭ ھامادىكى بەششار ئەسەد ئارمىيىسىنىڭ ئەسكىرىي ئايرودرومىغا قارىتا يوشۇرۇن ئەمەلىيەت ئېلىپ بېرىپ، 50 نەپەر بەششار ئەسەد ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە ئۇنىڭدىن باشقا، نۇرغۇنلىغان ماددا، ئامبار، چوڭ تىپتىكى قورال ۋە ئايروپىلانلارنى پارتلاتقان.

■ 5- ئاينىڭ 20- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ دايكەندى ۋىلايىتىنىڭ ئەجرىستان رايونىغا قارىتا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، بۇ رايوننى مۇكەممەل فەتھ قىلغان. جەڭ جەريانىدا 34 نەپەر ئەسكەر ئۆلگەن ۋە يارىلانغان، 12 نەپەر ئەسكەر مۇجاھىدلارغا تەسلىم بولغان.

■ 5- ئاينىڭ 21- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ قۇندۇز ۋىلايىتى قەلئەزال رايونىدا مۇرتەد ئارمىيىگە قارشى ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 11 نەپەر ئەسكەرنى ئۆلتۈرگەن ۋە 6 نەپىرىنى يارىلاندۇرغان. 4 ئورۇندىكى بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتىنى فەتھ قىلغان، نۇرغۇنلىغان قورال-ياراق ۋە ئوق-دورىلارنى غەنىيمەت ئالغان.

■ 5- ئاينىڭ 21- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ زابۇل ۋىلايىتىدە مۇرتەد ئارمىيىگە قارشى ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، 13 نەپەر ئەسكەرنى ئۆلتۈرۈپ، 7 نەپىرىنى يارىلاندۇرغان ۋە 3 ئورۇندىكى بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتىنى فەتھ قىلغان.

■ 5- ئاينىڭ 22- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ ئەفجۇۋى شەھىرى ئەتراپىدا كاپىرلارنىڭ ماشىنا ئەترىتىگە قارشى پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 12 نەپەر مۇرتەد ئارمىيە ئالاھىدە قىسىم ئەسكىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە 2 دانە ئەسكىرىي ماشىنىنى ۋەيران قىلغان.

■5- ئاينىڭ 23- كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى ئافغانىستاندا تۇرۇشلۇق باش گېنېرال نىكلوسىننى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، سكوت مىللىر ئىسىملىك يېڭى گېنېرالنى ۋەزىپىگە قويغان. بۇ — ئامېرىكىنىڭ ئافغانىستاندىكى گېنېراللىرىنى 9- قېتىم ئالماشتۇرۇشى ئىكەن.

■ 5- ئاينىڭ 24- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ پايتەختى مۇقدىشۇنىڭ ياخشى رايونى بىلەن ۋابىرى رايونى ئەتراپىدا بىر نەپەر ئىستىخبارات مەسئۇلىنى ئۆلتۈرگەن ۋە بىر نەپەر ئەسكىرىي مەسئۇلنى يارىلاندۇرغان.

# ئەرەب تىلى ئۆگىنىمەن

| سۆزلۈكلەر | | جۈملىلەر | |
|---|---|---|---|
| يَوْمُ الثُّلَاثَاءِ | سەيشەنبە كۈنى | نَذْهَبُ إِلَى الرَّوْضَةِ يَوْمَ الثُّلَاثَاءِ | بىز سەيشەنبە كۈنى باغچىغا بارىمىز |
| يَوْمُ الْأَرْبِعَاءِ | چارشەنبە كۈنى | هَلْ لَدَيْكَ وَقْتٌ يَوْمَ الْأَرْبِعَاءِ | چارشەنبە كۈنى ۋاقتىڭ بارمۇ؟ |
| يَوْمُ الْخَمِيْسِ | پەيشەنبە كۈنى | نَحْنُ مَشْغُولُونَ جِدًّا يَوْمَ الْخَمِيْسِ | پەيشەنبە كۈنى بىز بەك ئالدىراش |
| أَوَّلُ أَمْسِ | ئۈلۈشكۈن | ذَهَبْنَا إِلَى إِدْلِب أَوَّلَ أَمْسِ | بىز ئۈلۈشكۈن ئىدلىبقا باردۇق |
| اَلْبَارِحَةُ | ئاخشام | كَانَ الْمَطَرُ الْبَارِحَةَ شَدِيْدًا | ئاخشام قاتتىق يامغۇر ياغدى |
| أَيْنَ | قەيەردە | أَيْنَ بَيْتُكَ؟ | سىنىڭ ئۆيۈڭ قەيەردە؟ |
| مَتَى | قاچان | مَتَى يَرْجِعُ أَبِي يَا أُمِّي؟ | ئانا! دادام قاچان قايتىپ كېلىدۇ؟ |
| مَنْ | كىم | مَنْ أُسْتَاذُكَ يَا أَحْمَدُ؟ | ئەھمەد، سىنىڭ ئۇستازىڭ كىم؟ |
| لِمَنْ | كىمنىڭ | لِمَنْ هَذَا السِّلَاحُ؟ | بۇ قورال كىمنىڭ؟ |
| مِمَّنْ | كىمدىن | مِمَّنِ اشْتَرَيْتَ هَذَا الْكُمْبِيُوتِرَ؟ | بۇ كومپيۇتېرنى كىمدىن ئالدىڭ؟ |
| مَا، مَاذَا | نېمە | مَاذَا يَقُولُ؟ | ئۇ نېمە دەيدۇ؟ |
| هُنَا | بۇ يەردە | هُنَا بَيْتِي | مېنىڭ ئۆيۈم بۇ يەردە |

## كاۋاۋىچىنىڭ شىپالىق رولى

كاۋاۋىچىنىڭ تەبىئىتى مۆتىدىل، تەمى ئاچچىق بولۇپ، ئاغرىق توختىتىش رولى ياخشى. سوغۇقتىن مەيدە ئاغرىش، قۇسۇش، ئىچ سۈرۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ، بولۇپمۇ ئاشقازان كاۋىكى ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ. كاۋاۋىچىنىڭ سوغۇق ھەيدەش ئۈنۈمى ئالاھىدە ياخشى بولۇپ، ئۇ تال، ئاشقازان ۋە بۆرەكتىكى ھۆللۈكنى ھەيدەيدۇ. ئۇ پۇت مۇسكۇل گۆشىنىڭ تالا يوللىرى ئىچىدىكى سوغۇق تەسىرىدىن بولغان ناچار خىلتلارنى تۈگىتىدۇ.

كاۋاۋىچىنىڭ قىچىشىنى توختىتىش رولى كۈچلۈك. ئۇنىڭ ئۈستىگە، پۇرىقى خۇشپۇراق بولغاچقا، پۇتتىكى غەيرى پۇراقنى يوقىتىدۇ. ھەر قېتىم 20—30 گرام كاۋاۋىچىنى سۇدا 10 مىنۇتتىن 15 مىنۇتقىچە قاينىتىپ، سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى چۈشكەندە پۇتنى 20 مىنۇتتىن 30 مىنۇتقىچە چىلىسا، پۇت قىچىشىش كېسىلىگە مەنپەئەت قىلىدۇ (إن شاء الله).

كاۋاۋىچىن سۈيى بىلەن بەدەننى سۈرتۈپ بەرسە، ھۆل تەمرەتكىدىن بولغان قىچىشىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ. ياز پەسلى يېتىپ كېلىشى بىلەن ھۆل تەمرەتكە بىمارلىرىدا كېسەل ئورنى قىچىشىش، ھۆررەك چىقىشتەك ئالامەتلەر كۆرۈلۈپ، ئۇلارنى تولىمۇ ئازابلايدۇ. ھۆل تەمرەتكە بەدەندىكى يەل، ئىسسىق ۋە سوغۇق شامال تېگىشتىن پەيدا بولىدۇ. ھۆل تەمرەتكە سەۋەبىدىن بولغان قىچىشىشقا تۆۋەندىكى ئۇسۇلنى قوللىنىشقا بولىدۇ:

كاۋاۋىچىندىن 30 گرام، سېرىقبۇيىدىن 15 گرام، نارگۈل ئۇرۇقىدىن 30 گرامنى مۇۋاپىق سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ، 15 مىنۇتتىن 20 مىنۇتقىچە قاينىتىپ، سۈيىگە پۈتنى چىلىسا، مۇنچىغا چۈشكەندە بەدەننى سۈرتۈپ بەرسە ياكى داسقا قۇيۇپ ئولتۇرۇپ بەرسە ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ (إن شاء الله) ئەمما بۇ ھامىلىدارلارغا ماس كەلمەيدۇ.

كاۋاۋىچىنى ئادەتتە گادا تۇز بىلەن قوشۇپ قورۇغاندا داۋالاش ئۈنۈمى يۇقىرى بولىدۇ. گادا تۇزنى قورۇپ، بەل، تىز، مۈرە ۋە قورساققا يېقىشنىڭ ساقلىق ساقلاش، فىزىكىلىق داۋالاش رولى بولىدۇ. ياشانغانلاردا دائىم دىگۈدەك كالا بوغۇم مۇسكۇللىرى ئاغرىيدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ، تەنھەرىكەتنى ياخشى كۆرىدىغان ياشلاردىمۇ مۇسكۇللىرى قاتتىق ئاغرىيدىغان ئەھۋال كۆرۈلىدۇ. بەدەندە يەل، سوغۇق، ھۆللۈك رېماتىزمنى پەيدا قىلىدۇ شۇڭا مىللىي تىبابەتتە ئاغرىقنى داۋالاشتا يەل، سوغۇق، ھۆللۈكنى داۋالاشتىن باشلاش كېرەك. كاۋاۋىچىندىن 150 گرام، گادا تۇزدىن 1000 گرام تەييارلاپ، قازاندا قورۇپ ياكى لاتىغا ئوراپ، ئوچاقتا قىزىتىپ، ئاغرىغان يەرگە ياقسا ئاغرىق توختايدۇ. لوڭقا قويۇپ داۋالىغاندىن كېيىن، تۇز خالتىسىنى يارا ئورنىغا ياقسا، داۋالاش ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ (إن شاء الله).

كاۋاۋىچىنى دەملەپ ئىچكەندە، ئاشقازان سوۋۇشتىن بولغان قورساق ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئىسسىق ياز كۈنلىرى نۇرغۇن ئادەملەر سوغۇق يېمەكلىكلەرنى كۆپرەك يەيدۇ؛ ھاۋا تەڭشىگۈچ ئاستىدا تاۋۇز، مارۇژنا ۋە باشقا سوغۇق ئىچىملىكلەرنى ئىچىشكە ئامراق كېلىدۇ. سوغۇق، مۇزدەك نەرسىلەرنى كۆپ يېيىش ئاشقازانغا پايدىسىز. تۆۋەندە بىز ئاشقازان سوۋۇشتىن بولغان قورساق ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدىغان ئۇسۇلنى كۆپچىلىككە تونۇشتۇرىمىز:

كاۋاۋىچىندىن ئۈچ گرام، زەنجىۋىلدىن ئون گرام، لاچىنداندىن ئۈچ گرامدىن ئېلىپ، بۇلارنى 150 مىللىلىتىر قايناقسۇغا بەش مىنۇتتىن ئون مىنۇتقىچە چىلاپ، ئىلمان بولغاندا ئىچىپ بەرسە ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ (إن شاء الله).

لاچىندانە بىلەن زەنجىۋىل ئوخشاشلا زەنجىۋىل ئائىلىسىگە تەۋە دورا بولۇپ، تەبىئىتى ئىسسىق، خىلتنى ياخشىلاپ، ئاشقازاننى ئىللىتىدۇ، تاماق سىڭدۈرىدۇ، يەل تۇرۇپ قېلىشنى ياخشىلايدۇ، كۆكرەك سىقىلىش، قورساق كۆپۈش، كۆڭۈل ئايىنىش، سوغۇقتىن بولغان قورساق ئاغرىش، كېكىرىك چىقماسلىققا مەنپەئەت قىلىدۇ (إن شاء الله).




تۆۋەندىكى تېپىشماقلارنى قېنى كىم تېز ھەم توغرا تاپالايدۇ؟

1. ئۆزى يۇمىلاق قىزىل مارجان، ئاجىز تەنگە بولۇر ئۇ قان.
2. يېسەڭ تاتلىق «گۆشى» بار، قوي، توخۇغا «يېمى» بار.
3. تۆۋەندىكى ئىسلامىي تېپىشماقنى تېپىپ بېقىڭ: قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان، ئاۋۋال ئۆسۈملۈك كېيىن قاتتىق جىسىم بولغان، الله نىڭ ئىزنى بىلەن بىر ھايۋانغا ئايلانغان نەرسە نېمە؟

ئالدىنقى ساندىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋابى:

1. ئۈجمە.
2. ئۆرۈك.
3. كۆز.



### ئەسكەرتىش

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە ژۇرناللىرىمىزنى ماقالە، شېئىر، سەرگۈزەشتە، تارىخ، ئەسكىرىي تەلىم، جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىباتلار، تېببىي مەلۇماتلار... قاتارلىق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز.

بۇ گېزىتنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا الله تعالى نىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سالىھ دۇئالىرىڭلاردا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنۇتمىغايسىلەر!

والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته

(بېشى 1- بەتتە)

مۆئمىن بولۇپ ياخشى يولدا مېڭىپ (الله نىڭ نېمىتىگە) شۈكۈر قىلغۇچىدۇر ياكى (فاجىر بولۇپ يامان يولدا مېڭىپ) كۇفرىلىق قىلغۇچىدۇر» (سۈرە ئىنسان 3- ئايەت).

الله تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿رُسُلًا مُبَشِّرِينَ وَمُنْذِرِينَ لِئَلَّا يَكُونَ لِلنَّاسِ عَلَى اللَّهِ حُجَّةٌ بَعْدَ الرُّسُلِ وَكَانَ اللَّهُ عَزِيزًا حَكِيمًا﴾ «ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەردىن كېيىن الله نىڭ ئالدىدا كىشىلەر (يەنى <پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن بولسا ئەلۋەتتە ئىمان ئېيتالىتىم ۋە ئىتائەت قىلالىتىم> دېگۈچىلەر) گە باھانە بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، (ئىتائەت قىلغۇچىلارغا جەننەت بىلەن) خۇشخەۋەر بەرگۈچى، (ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى دوزاختىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» (سۈرە نىسا 165- ئايەت).

الله تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَا يُكَلِّفُ اللَّهُ نَفْسًا إِلَّا وُسْعَهَا لَهَا مَا كَسَبَتْ وَعَلَيْهَا مَا اكْتَسَبَتْ رَبَّنَا لَا تُؤَاخِذْنَا إِنْ نَسِينَا أَوْ أَخْطَأْنَا رَبَّنَا وَلَا تَحْمِلْ عَلَيْنَا إِصْرًا كَمَا حَمَلْتَهُ عَلَى الَّذِينَ مِنْ قَبْلِنَا رَبَّنَا وَلَا تُحَمِّلْنَا مَا لَا طَاقَةَ لَنَا بِهِ وَاعْفُ عَنَّا وَاغْفِرْ لَنَا وَارْحَمْنَا أَنْتَ مَوْلَانَا فَانْصُرْنَا عَلَى الْقَوْمِ الْكَافِرِينَ﴾ «الله ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ. كىشىنىڭ قىلغان ياخشىلىقى (نىڭ ساۋابى) ئۆزىگىدۇر، يامانلىقى (نىڭ جازاسى)مۇ ئۆزىگىدۇر. (ئۇلار): <پەرۋەردىگارىمىز! ئەگەر بىز ئۇنتۇساق ياكى خاتالاشساق (يەنى بىز ئۇنتۇش ياكى سەۋەنلىك سەۋەبىدىن ئەمرىڭنى تولۇق ئورۇنلىيالمىساق)، بىزنى جازاغا تارتمىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگىنىڭگە ئوخشاش، بىزگە ئېغىر يۈك يۈكلىمىگىن (يەنى بىزنى قىيىن ئىشلارغا تەكلىپ قىلمىغىن)، پەرۋەردىگارىمىز! كۈچىمىز يەتمەيدىغان نەرسىنى بىزگە ئارتمىغىن، بىزنى كەچۈرگىن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، سەن بىزنىڭ ئىگىمىزسەن، كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن> دەيدۇ» (سۈرە بەقەرە 286- ئايەت)

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# ھەدىس ئۈنچىلىرى

عَنْ رَبِيعَةَ رضي الله عنه قَالَ: كُنْتُ أَبِيتُ مَعَ رَسُولِ اللَّهِ ﷺ فَآتِيهِ بِوَضُوئِهِ وَحَاجَتِهِ، فَقَالَ: «سَلْنِي» فَقُلْتُ: «أَسْأَلُكَ مُرَافَقَتَكَ فِي الْجَنَّةِ»، قَالَ: «أَوَ غَيْرَ ذَلِكَ؟» قُلْتُ: «هُوَ ذَاكَ»، قَالَ: «فَأَعِنِّي عَلَى نَفْسِكَ بِكَثْرَةِ السُّجُودِ» (راوه المسلم).

### ھەدىسنىڭ تەرجىمىسى

(رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ خىزمەتكارى ۋە سۇپا ئىگىلىرىدىن بولغان) رەبىيئە رضي الله عنه مۇنداق دەيدۇ: «مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىرگە قونۇپ قالغان ئىدىم. شۇ ۋاقىتتا مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ گە تاھارەت سۈيى ۋە ئېھتىياجلىق نەرسىلىرىنى ئېلىپ كەلسەم، رەسۇلۇللاھ ﷺ ماڭا: <مەندىن سورىغىن> دېدى. مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ گە: <سەندىن جەننەتتە بىللە تۇرۇشنى سورايمەن> دېگەنىدىم، رەسۇلۇللاھ ﷺ: <ئۇنىڭدىن باشقا ھاجىتىڭ يوقمۇ؟> دەپ سورىدى. مەن: <ياق، پەقەت شۇلا ھاجىتىم بار> دېگەنىدىم، رەسۇلۇللاھ ﷺ: <ئۇنداقتا ئۆزۈڭنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن كۆپ سەجدە (يەنى ناماز) قىلىش ئارقىلىق ماڭا ياردەم قىلغىن> دەپ جاۋاب بەردى» (مۇسلىم توپلىغان).

### ھەدىسنىڭ شەرھىسى

رەبىيئە ئىبنى كەئب رضي الله عنه رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ خىزمەتچىسى ئىدى. ئۆزلىرى گەرچە قۇل بولمىسىمۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە خىزمەت قىلىدىغان خىزمەتچىلەر كۆپ ئىدى. رەبىيئە ئىبنى كەئب ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رضي الله عنهما لار دەل شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى. ئۇلار بويتاق ساھابىلەردىن بولغاچقا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مەسجىدى قېشىدىكى سۇپىنى (يەنى سايىۋەن ئاستىنى) ماقار (يەنى تۇرار جاي) قىلغانىدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھ ﷺ گە خىزمەت قىلىشنى شەرەپ دەپ بىلىشەتتى. رەبىيئە رضي الله عنه مۇ ئەھلى سۇپا (يەنى سۇپىدا تۇرىدىغان)لاردىن ئىدى. بۇلار مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان مۇھاجىر ئەرلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرالغۇ جايلىرى بولمىغاچقا رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارنى ئەنە شۇ سۇپىغا ئورۇنلاشتۇرغانىدى. ساھابىلەر سۈت، تاماق ۋە ئۇندىن باشقا نەرسىلەرنى ئۇلارغا سەدىقە قىلىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ سانى گاھىدا 80 گە يەتسە، گاھىدا ئۆيلىنىش سەۋەبلىك ئازلاپ قالاتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەڭ ئېسىل ئەخلاق ئىگىسى بولغانلىقى ۋە: «كىمكى سىلەرگە بىر ياخشى ئىش قىلىپ بەرسە ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىڭلار» دېگەنلىكى ئۈچۈن رەبىيئە رضي الله عنه رەسۇلۇللاھ ﷺ گە تاھارەت سۈيى ئەكىلىپ خىزمەت قىلغانىدا، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنى مۇكاپاتلىماقچى بولۇپ ئۇنىڭغا: «نېمە سورىغۇڭ كەلسە سوراۋەرگىن» دېدى. بىزنىڭ كاللىمىزغا چوقۇم «بۇ ساھابە رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن مال-مۈلۈك سورايدۇ» دېگەن خىيالنىڭ كېلىشى تەبىئىي. لېكىن، بۇ ساھابىنىڭ ھىممىتى (يەنى غايىسى) شۇنداق يۇقىرى ئىدىكى، ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن جەننەتتە بىللە تۇرۇشنى سورىدى. يەنى ئۇ خۇددى: «ئى رەسۇلۇللاھ! ساڭا دۇنيادا ھەمراھ بولغىنىمدەك جەننەتتىمۇ ھەمراھ بولۇشۇمنى سەندىن سورايمەن» دېگەندەك قىلاتتى.

### ھەدىستىن ئېلىنغان پايدىلار

بىرىنچى، ھۆر كىشىلەرنى خىزمەتكە سېلىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى. شاگىرتنىڭ ئۇستازىغا خىزمەت قىلىشى ۋە جامائەت ئەزالىرىنىڭ ئەمىر-مەسئۇللارغا خىزمەت قىلىشى (مەسىلەن، تاھارەت سۈيى ۋە ئۇندىن باشقا ئېھتىياجلىرىنى تەييارلاپ بېرىش) نىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى شۇنداقلا بەزىبىر بىلىمسىزلەر ئېيتقاندەك، بۇنداق خىزمەت قىلىشنىڭ ھەرگىزمۇ «خۇشامەتچىلىك» ھېسابلانمايدىغانلىقى.

ئىككىنچى، مەسجىدلەردە يەپ-ئىچىش ۋە ئۇخلاش قاتارلىقلارنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

ئۈچىنچى، الله تعالى نىڭ پەيغەمبەر ۋارىسلىرى بولغان ئەھلى ئىلىملەرگە خىزمەت قىلغان ۋە ئۇلارغا ئېھتىرام قىلغانلارنىڭ ئۆزىنى ياكى ئۇلارنىڭ بەزىبىر ئۇرۇق-ئەۋلادلىرىنى ئالىم قىلىش ئارقىلىق مۇكاپاتلايدىغانلىقى. چۈنكى، زۇلخۇۋەيسىرە رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئەدەبسىزلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ پۇشتىدىن چالا ئىلىم بولغان خاۋارىجلارنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكى ھەممىمىزگە ئاياندۇر.

تۆتىنچى، ئۆزىگە خىزمەت قىلغان ياكى باشقا ياخشىلىقلارنى قىلغان كىشىگە ھېچ بولمىغاندا دۇئا بىلەن بولسىمۇ مۇكاپات بېرىشنىڭ مۇستەھەب ئىكەنلىكى.

بەشىنچى، ناماز دېگەن ئىبادەت خۇددى ئىمانغا ئوخشاش سۆز ۋە ھەرىكەتتىن ئىبارەت چوڭ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، نامازنىڭ سۆزلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئەۋزەل ۋە جەۋھەر سۆز بولسا سۈرە فاتىھەنىڭ: «ئى الله، بىز ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز (سېنىلا ئەڭ ئالىي رەۋىشتە ياخشى كۆرىمىز ھەمدە ساڭىلا ئەڭ ئالىي رەۋىشتە ئىتائەت قىلىمىز ۋە چوقۇنىمىز)» دېگەن ئەھدىنامە ۋە قەسەمنامە خاراكتېرلىك سۆزدۇر. ئەمدى ناماز ھەرىكەتلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئەۋزەل ۋە جەۋھەر ھەرىكەت بولسا سەجدە قىلىشتىن ئىبارەت: «ئى الله! مەن ساڭىلا باش ئەگىمەن، مېنىڭ بەدىنىمگە قوماندانلىق قىلىدىغان مېڭەمنى، ئەقلىمنى ۋە كاللامنى سېنىڭ تىزگىنىڭگە قويۇپ بېرىمەن، سەن مېنى نەگە يېتىلىسەڭ ۋە نېمىگە بۇيرۇساڭ شۇنىڭغا ماڭىمەن» دەپ الله ئالدىدىكى ئۆزىنىڭ كەمتەرلىكىنى ۋە خارلىقىنى ھال تىلى (يەنى ئەمەلىي ھەرىكەت ئىپادىسى) بىلەن ئىپادىلەيدىغان ئەھدىنامە ۋە قەسەمنامىدۇر لېكىن بۈگۈنكى كۈندە مىليونلىغان مۇسۇلمانلار پەرز ئەين بولغان جىھادنى تەرك ئېتىش ئارقىلىق مانا بۇ قەسەم، ۋەدە ۋە ئەھدىلىرىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئۆزلىرىگە «پاسىق»، «زالىم»، «يالغانچى» ۋە «كىچىك مۇناپىق» دېگەندەك جىنايەتلەرنى يۈكلىۋالماقتا.

ئالتىنچى، ئۆز-ئۆزىنى ياكى نەپسىنى ئىسلاھ قىلىش يوللىرىنىڭ بىرى بولسا سەجدىنى كۆپ قىلىش ئىكەنلىكى. چۈنكى، سەجدە قىلىش بولسا ئىنساننىڭ «ئى الله! مەن ساڭىلا باش ئەگىمەن، مېنىڭ بەدىنىمگە قوماندانلىق قىلىدىغان مېڭەمنى، ئەقلىمنى ۋە كاللامنى سېنىڭ تىزگىنىڭگە قويۇپ بېرىمەن، سەن مېنى نەگە يېتىلىسەڭ ۋە نېمىگە بۇيرىساڭ شۇنىڭغا ماڭىمەن» دەپ الله ئالدىدىكى ئۆزىنىڭ كەمتەرلىكىنى ۋە خارلىقىنى ھال تىلى (يەنى ئەمەلىي ھەرىكەت ئىپادىسى) بىلەن ئىپادىلىگەن ئەھدىنامە ۋە قەسەمنامىسىدۇر.

يەتتىنچى، جەننەتكە كىرىش ۋە پەيغەمبەر ﷺ بىلەن جەننەتتە بىرگە بولۇشتىن ئىبارەت بۈيۈك نېئمەتلەر قۇرۇق گەپ ياكى قۇرۇق ئارزۇ بىلەن بولماستىن بەلكى الله قا بەرگەن ئەھدىسىگە تولۇق ۋاپا قىلىش ۋە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تاپشۇرغان تاپشۇرۇقلىرىنى تولۇق بېجىرىش بىلەن بولىدىغانلىقى.

# يۇلتۇزلار چىمىرلايدۇ

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

يەتتىنچى، بەزى ھاجەت ياكى زۆرۈرىيەتلەرنى كۆزدە تۇتۇپ ئەمىر-قوماندانلارنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىك توغرىسىدىكى مىش-مىش خەۋەرلەرگە رەددىيە بەرمەي تۇرۇشنىڭ بەزى ۋاقىتتا ھېكمەت بولىدىغانلىقى ۋە بۇ تاكتىكىنىڭ شەرئىي سىياسەت بابىغا تەۋە بولىدىغانلىقى.

سەككىزىنچى، مۇسۇلمانلارنىڭ مۇداپىئە سېپىنىڭ بۇزۇلۇشى بولسا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يولىغا ۋە ئەمىر-مەسئۇللارنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىش، سەپنى پارچىلاش، ئۆسەك ۋە مىش-مىش سۆزلەرنى تارقىتىش ياكى ئۇنىڭغا ئىشىنىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بولۇپ، بۇ كېسەللىكلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ مەنبەسى دۇنيا مەنپەئەتى ۋە دۇنيا راھىتى ھەققىدە بەسلىشىش، ئۇنىڭغا بەك مۇھەببەت قىلىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكى. چۈنكى ساھابىلەر ئىچىدىكى ئوقچىلار قىسمىنىڭ غەنىيمەتتىن ئىبارەت دۇنيا راھىتىنى ياخشى كۆرگەنلىكى ۋە ئۇ ھەققىدە باشقىلار بىلەن بەسلەشكەنلىكى مەغلۇبىيەتكە سەۋەب بولدى.

توققۇزىنچى، جامائەتنىڭ ئوتيۈرەك پىداكارلىرى ۋە كادىرلىرىنىڭ ئەمىر ئەتراپىدا مۇستەھكەم تۇرۇپ ئۆز شەخسىي مەنپەئەتىدىن جامائەت مەنپەئەتىنى ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇشتا شىجائەتلىك بولۇشلىرى — سەپتىن ئايرىلغانلارنىڭ سەپكە قايتىپ كېلىشىگە ئۈنۈملۈك سەۋەبلەردىن بولىدىغانلىقى ۋە بۇنىڭ ئاغزاكى دەۋەتتىنمۇ تەسىرلىك ۋە ئۈنۈمى ياخشى بولىدىغانلىقى.

### ساھابە كراملارنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ نى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقلىرىدىن سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس ۋە تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ رضي الله عنهما لارنىڭ پىداكارلىق كۆرۈنۈشلىرى

سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رضي الله عنه غا كەلسەك، ئۇ ئوق ئېتىشتا بوشاشمايتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭ ئوقدېنىدىن ئوقلارنى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا: «ئاتا-ئانام ساڭا پىدا بولسۇن!» دېگەن ھالەتتە ئوقلارنى ئۈزىتىپ بىرەتتى ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن: «ئى الله! ئۇنىڭ ئوقىنى دەل جايىغا تەگكۈزۈپ بەرگىن» دەپ دۇئا قىلاتتى. بەزى تەرجىمھال كىتابلىرىدا ئېيتىلىشىچە، سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رضي الله عنه ئۇھۇد كۈنى مىڭ تالدىن ئارتۇق ئوق ئاتقان.

«يەر يۈزىدە مېڭىۋاتقان شەھىد» دەپ ئاتالغان تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ رضي الله عنه غا كەلسەك، ئۇ 11 كىشى قىلىدىغان جەڭنى ئۆزى يالغۇز قىلىپ، ھەتتا قولىغا قىلىچ ئۇرۇلۇپ بارماقلىرى ئۈزۈلۈپ كەتتى. ئىمام ھاكىمنىڭ نەقىل قىلىشىچە، ئۇھۇد كۈنى تەلھە رضي الله عنه نىڭ 39 يېرى جاراھەتلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقى ئۈزۈلۈپ تاشلانغان ئىدى. ئەبۇبەكرى سىددىق رضي الله عنه ئۇھۇد كۈنى ئەسلەنسىلا: «ئۇ كۈننىڭ ھەممىسى (يەنى ئۇ كۈندىكى تۆھپىنىڭ ھەممىسى) تەلھەگە مەنسۇپ» دەيتتى.

### رەسۇلۇللاھ ﷺ گە يەتكەن جاراھەتلەر

بىرىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يۈزىنىڭ يېرىلىپ كېتىشى.

ئىككىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۇدۇل چىشىنىڭ سۇنۇپ كېتىشى.

ئۈچىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مەڭزىنىڭ يېرىلىپ كېتىشى.

تۆتىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئاستىنقى كالپۇكىنىڭ ئىچى تەرىپىنىڭ يېرىلىپ كېتىشى.

بەشىنچى، ئىبنى قەمىئەنىڭ ئۇرغان زەربىسى سەۋەبلىك رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۈرىسىنىڭ ئېغىر ئاغرىق بىلەن ھالسىزلىنىپ كېتىشى.

ئالتىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ تىزىنىڭ زەخىملىنىپ سۆڭىكىنىڭ كۆرۈنۈپ قېلىشى.

ئىمام زۇھرىنىڭ نەقىل قىلىشىچە، ئۇھۇد كۈنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يۈزىگە 70 قېتىم قىلىچ ئۇرۇلغان بولسىمۇ، الله تعالى ئۇنى شۇ زەربىلەرنىڭ زىيىنىدىن ساقلاپ قالدى.

### يۇقىرىقىلاردىن ئېلىنغان پايدىلار

بىرىنچى، ساھابىلەرنىڭ الله يولىدىكى جىھادتا شىجائەتلىك ۋە پىداكار بولۇشلىرى — ئۇلارنىڭ كېيىنكى مۇسۇلمانلار ئۈلگە ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان ئەڭ مۇھىم ۋە ئاساسىي سۈپىتى ئىكەنلىكى.

ئىككىنچى، ئۇلارنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ نى قوغداشقا ئىنتايىن ھېرىس ئىكەنلىكى.

ئۈچىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ قوماندان بولۇش سۈپىتى بىلەن بەزىدە جەڭگە بىۋاسىتە قاتناشسا، بەزىدە جەڭ مەيدانىنى ئوبدان كۆزىتەلەيدىغان ئورۇنلاردا تۇرۇپ يىراقتىن جەڭ ھالىتىنى كۆزىتىدىغانلىقى. مانا بۇنىڭدىن مۇجاھىدلار شۇنى بىلىۋېلىش كېرەككى، قوماندان دائىم ئەمەلىي ئۇرۇش سېپىنىڭ ئالدىدا مېڭىشى شەرت ئەمەستۇر.

تۆتىنچى، سەئىد ۋە تەلھە رضي الله عنهما لار مانا مۇشۇنداق ئەمەلىي پىداكارلىقلارنى كۆرسىتىپ جەڭ مەيدانىدا سەۋرچانلىقنى ئىسپاتلىغان بولغاچقا، ھايات تۇرۇپ جەننەت بىلەن خۇشخەۋەر بېرىلگەن ئون ساھابىنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. بۇ ئون ساھابە ئەنە شۇ پىداكارلىقلىرى؛ مەنھەجگە، ئۇممەتكە بولغان سەممىيەت ۋە ساداقەتلىرى ھەمدە ئۆز شەخسىيىتىدىن كوللېكتىپنى ئۈستۈن كۆرۈشتىن ئىبارەت ئۇممەتچىلىك ۋە تەشكىلچانلىق روھى قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن كەلگۈسىدىكى ئىسلامىي دۆلەت ياكى ئىسلامىي سۇلتانلىق ۋە ياكى خىلاپەتنىڭ نامزاتى بولۇشقا تاللانغان. دېمەك، بۈگۈنكى كۈندە ئۇممەتكە ياكى مىللەتكە داھى ياكى رەئىس بولىدىغانلار بولسا راھەت تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان ۋە ئەمەلىي قىلغان ئىشىدىن گېپى تولا بولغان سىياسەتچىلەر ياكى ناتىق-ۋائىزلار بولماستىن بەلكى ئۇزۇن مۇددەتلىك جىھاد مەدرىسىسى ۋە سىناقلاردا سەممىيەت ۋە تەجرىبىلىك بولۇش ئىمتىھانلىرىدىن سالامەت ئۆتۈش ئارقىلىق سەممىي مۇجاھىدلارنىڭ: «ئۇلار جىھاد ۋە ئىنقىلابنىڭ مېۋىسىنى تاغۇت كۈچلەرگە سېتىۋەتمەيدۇ» دېگەن ئىشەنچىسىگە ئېرىشەلىگەن كىشىلەر بولۇشى كېرەكلىكى.

بەشىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئوقنى ئۆزى ئاتماي سەئىد رضي الله عنه غا ئۈزىتىپ بەرگەنلىكىدىن — ئىشنى ئۆزىنىڭ ئەھلىگە تاپشۇرۇشنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكى ھەمدە الله يولىدا ئوق ئېتىشنىڭ كاتتا پەزىلەت ئىكەنلىكى چىقىدۇ.

ئالتىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ «شەھىد» دەپ ئاتىغان كىشىلەرنى جەزمەن «شەھىد» دەپ ئاتاشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى لېكىن رەسۇلۇللاھ ﷺ «شەھىد» دەپ ئاتىمىغان شەخسلەرنى جەزمەن «شەھىد» دەپ ئاتىماستىن بەلكى «شەھىد» دەپ گۇمان قىلىپ تۇرۇپ، شەھىد ئىسمى بىلەن ئاتاشنىڭ دۇرۇسلۇقى.

(ئاخىرى 3- بەتتە)



ئىسلام ئاۋازى
47- سان ھىجرىيە: 1439/09/09 مىلادىيە: 2018/05/25

(بېشى 2- بەتتە)

يەتتىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يولىنى قوغداش ئۈچۈن بەدەن ئەزالىرى كېسىلگەن مۇجاھىدلار ئىسلام يولىدىن، بولۇپمۇ جىھاد يولىدىن بۇرۇلۇپ كەتمەي ياشىيالىسىلا، الله نىڭ نەزىرىدە يەر يۈزىدىكى تىرىك شەھىدلەر قاتارىدىن بولىدىغانلىقى.

سەككىزىنچى، ئەبۇبەكرى سىددىق رضي الله عنه نىڭ تەلھە رضي الله عنه نى ياخشى باھا بىلەن باھالىغانلىقىدىن شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، رەھبەرلىك نامزاتىغا لايىق بولىدىغانلارنى ئەنە شۇ سەممىيەت، ئىنساپ ۋە تەجرىبە بىلەن تونۇلغان كىشىلەرنىڭلا باھالىيالايدىغانلىقى ۋە سايلىيالايدىغانلىقى.

توققۇزىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ غەيبنى بىلمەيدىغانلىقى ۋە چوقۇنۇلۇشقا لايىق ئەمەسلىكى شۇنداقلا ئۆزىدىن زىيان-زەخمەتلەرنى ئىتتىرىشكە قادىر بولالمايدىغان ئىنسان بولغان پەيغەمبەر ئىكەنلىكى.

ئونىنچى، الله بۇيرۇغان سەۋەب قانۇنىيىتىنى (يەنى بىر جامائەت بولۇپ ئۇيۇشۇش، كۈچنىڭ يېتىشىچە ئەسكىرىي تەييارلىقلارنى قىلىش ۋە الله نىڭ، الله نىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ۋە ئەمىر-مەسئۇللارنىڭ بۇيرۇقلىرىغا خىلاپلىق قىلماسلىق ھەم تالاش-تارتىش قىلماسلىق قاتارلىق سەۋەبلەرنى) تۇتماستىن قۇرۇق ئارزۇ ياكى ھېسسىياتچانلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىشنىڭ الله نىڭ شەرىئىتىگە خىلاپ ئىكەنلىكى.

ئون بىرىنچى، بۇيرۇققا ئىتائەت قىلماسلىق ھەتتا قوماندان ۋە مەسئۇللارنىڭمۇ مۇسىبەتلىنىشىگە سەۋەب بولىدىغانلىقى.



# تارىخقا نەزەر

## قەدىمكى ۋە ھازىرقى زاماندىكى خاۋارىجلار

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

ئابدۇللاھ ئىبنى سامىت مۇنداق دەيدۇ: [مەن بۇ ھەدىسنى ھەكەم ئىبنى ئەمر غىفارىنىڭ قېرىندىشى رافىئ ئىبنى ئەمرگە ئېيتقانىدىم، ئۇ: «مەنمۇ رەسۇلۇللاھتىن مۇشۇنداق ئاڭلىغانىدىم» دېدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئەبۇ ئۇمامە مۇنداق دېدى: <خاۋارىجلارنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىرى — ئاسمان ئاستىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ئەڭ يامىنى ۋە ئۇلارنىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەر بولسا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر. خاۋارىجلار دوزاخ ئەھلىنىڭ ئىتلىرىدۇر. ئۇلار ئىلگىرى مۇسۇلمان ئىدى، كېيىن كاپىرغا ئايلاندى>. مەن: <ئى ئەبۇ ئۇمامە، بۇ سەن دەيدىغان سۆزمۇ؟> دەپ سورىغانىدىم، ئۇ: <مەن بۇنى رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئاڭلىدىم> دەپ جاۋاب بەردى»] («سەھىھ ئىبنى ماجە» 176- ھەدىس).

رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار ئۈممىتىم ئىچىدىكى ئەڭ رەزىل كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنى ئۈممىتىم ئىچىدىكى ئەڭ ئېسىل كىشىلەر ئۆلتۈرىدۇ» («فەتھۇلبارى»دىن ئېلىندى، ھەسەن ھەدىس).

ھەقىقەتەن، ھەزرىتى ئەلى رضي الله عنه نەھرىۋان دېگەن جايدا ئۇلار بىلەن ئۇرۇشتى ۋە ئۇلارنى ئۆلتۈردى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «يېقىندا مېنىڭ ئۈممىتىم ئىچىدە ئىختىلاپ ۋە بۆلگۈنچىلىك بولىدۇ ھەمدە سۆزىنىڭ ئەڭ ئېسىلىنى، ئەمەلىنىڭ ئەڭ رەزىلىنى قىلىدىغان بىر قەۋم بارلىققا كېلىدۇ. ئۇلار قۇرئان ئوقۇيدۇ لېكىن قۇرئان گاللىرىدىن ئۆتمەيدۇ. ئۇلار خۇددى ئوق ئوۋغا كىرىپ چىقىپ كەتكەندەك دىندىن (يەنى ئىتائەتتىن) ئەنە شۇنداق چىقىپ كېتىدۇ، ئوق ئۆزىنىڭ چىققان يېرىگە قايتىپ كەلمىگۈچە ئۇلار قايتىپ كەلمەيدۇ. ئۇلار — مەخلۇقاتلار ئىچىدىكى ئەڭ رەزىل، زىيانداش مەخلۇقلاردۇر. ئۇلارنى ئۆلتۈرگەن ۋە ئۇلارنىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرگە تۇبا (يەنى جەننەت) بولسۇن! ئۇلار الله نىڭ كىتابىغا چاقىرىشىدۇ، ۋەھالەنكى، ئۇلار شۇ كىتابتىن تولىمۇ يىراقتۇر. كىمكى ئۇلار بىلەن ئۇرۇشىدىكەن، ئەنە شۇ كىشى الله قا ئەڭ يېقىن دوستتۇر». ئۇلار (يەنى ساھابىلەر): «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلارنىڭ قانداق بەلگىسى بار؟» دەپ سورىغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «چاچلىرىنى چۈشۈرۈۋېتىش» دەپ جاۋاب بەردى («مىشكات» 3543- ھەدىس).

سەئىد ئىبنى جەھمان مۇنداق دەيدۇ: [مەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئەۋفانىڭ قېشىغا كەلدىم. ئۇنىڭ كۆزى تۇتۇلۇپ قالغانىكەن، مەن ئۇنىڭغا سالام قىلدىم. ئۇ مەندىن: «سەن كىم؟» دەپ سورىغانىدى، مەن ئۇنىڭغا: «مەن سەئىد ئىبنى جەھمان» دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇ مەندىن: «داداڭغا نېمە بولدى؟» دەپ سورىغانىدى، مەن ئۇنىڭغا: «دادامنى ئەزارىقە (يەنى خاۋارىجلارنىڭ ئىچىدىكى بىر پىرقە)لەر ئۆلتۈرۈۋەتتى» دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇ: «الله ئەزارىقەلەرگە لەنەت قىلسۇن! الله ئەزارىقەلەرگە لەنەت قىلسۇن! رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزگە: <ئۇلار ھەقىقەتەن دوزاخنىڭ ئىتلىرىدۇر> دەپ ھەدىس سۆزلەپ بەرگەن» دېدى]. سەئىد مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئابدۇللاھتىن: <پەقەت ئەزارىقە پىرقىسىلا دوزاخنىڭ ئىتلىرىمۇ ياكى خاۋارىج پىرقىلىرىنىڭ ھەممىسىمۇ؟> دەپ سورىغانىدىم، ئۇ: <خاۋارىج پىرقىلىرىنىڭ ھەممىسى (دوزاخنىڭ ئىتلىرىدۇر)> دەپ جاۋاب بەردى» («مەجمەئۇز زەۋائىد» 6- توم 235-بەت).

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# پايدىلىنىش بىلىملىرى

(چاتما ماتېرىياللار)




## ئافغانىستان ۋاخان كارىدورىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

**چوڭ پامىردىن ئۆتۈش: شوۋېر ئۆتۈشمىسى – شاھدەرراھ (Shahdgrrakh) – سەرھەد (شىمالىي رايون)**

7- ئاينىڭ 22- كۈنى بىز 600 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بىر تاشلىق ئەگرى-بۈگرى تاغ يولىدا شوۋېر ئۆتۈشمىسىگە قاراپ ئۈچ سائەت يۇقىرىلاپ ماڭدۇق. يولدا ئوت-چۆپ ئۈنگەن يەرلەر كۆرۈنمىدى. ئۆتۈشمىدىن ئۆتۈپىلا قىرلىرى جەنۇب تەرەپكە بىر قانچە يۈز مېتىر سوزۇلغان بىر مۇزلۇقتا تۆۋەنگە قاراپ ماڭدۇق. يولدا مەن مىنىۋاتقان ئېتىمنىڭ ئورنىغا قوتازنى ئالماشتۇرۇۋالدىم. ئىككى سائەتتىن كېيىن بىز بىر كىچىك ئوتلاققا كەلدۇق. مۇزلۇقتىن چىققان بىر ئېقىن 10 مېتىر كەڭلىكتىكى بىر تېز ئېقىنغا قوشۇلاتتى. بۇ ئېقىننىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپتىكى ياقىلىرىدا بۇلۇق ئۆسكەن ئوت-چۆپلەر بولۇپ، قويۇق ئۆسكەن 60 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتىكى ياۋا پىيازلار بەش كىلومېتىر دائىرىگىچە سوزۇلاتتى. ئېقىننىڭ شەرق ۋە غەرب تەرىپىدە بىر كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا جىلغىلار بار ئىدى. كەچتە بىز 100 دىن ئارتۇق قوي ۋە قوتازلار ئوتلاۋاتقان سەرھەدتىكى ۋاخىلارنىڭ يازلىق چارۋىچىلىق تۇرالغۇسىدا تۇردۇق. بىر كىشىلەرنىڭ تاشتىن ياسالغان ئۆيلىرىدە پىشلاق ياساۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. ۋاخىلار ياغاچ تۇڭدا سۈتنى ئېلىشتۇرۇپ سېرىقماي ۋە قايمىقى ئېلىۋېلىنغان سۈتنى كۆن نورىدا قۇرۇتۇپ قۇرۇت ياسايدۇ. قىرغىزلار قايماقنى قوينىڭ قېرىنىدا بىر يىل تۇرغۇزۇپ ئېچىتقاندىن كېيىن سېرىقماي ياسايدۇ.

ئىككىنچى كۈنى بىز قوتازغا مىنىپ تۆۋەن تەرەپكە قاراپ مېڭىپ شاھدەرراھ دەپ ئاتالغان بىر تېز ئېقىندىن بىر سائەتتە ئۆتتۇق. بۇ ئېقىننىڭ بىر قانچە كىلومېتىرلىق يېرى جەنۇب تەرەپتىكى سىپاتقىش جۇراب جىلغىسى (Spat Kish Jurab)غا قوشۇلۇپ، ئاندىن باخاراكتا ئاساسىي ئېقىنغا قېتىلىپ كېتەتتى. بىز بۇ يەردە جەنۇبقا بۇرۇلدۇق ۋە دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4000 مېتىر بولغان بىر ئورۇنغا چېدىر تىكتۇق.

ئۈچىنچى كۈنى يامغۇر ياغدى. بىز يامغۇردا ئالدىراپ سەرھەد تەرەپكە قاراپ 1000 مېتىر تۆۋەنلەپ ماڭدۇق. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىككى سائەت ۋاقىت كەتتى. يولدا يامغۇر توختىدى، بىز ئۆتۈش دەرياسى (ياكى ئامۇ دەرياسى)نىڭ قارشى ساھىلىنى ناھايىتى ئېنىق كۆردۇق. چوڭ پامىرنى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ھالدا ئىككى كۈندە كېسىپ ئۆتۈپ بولدۇق ۋە ئىككى كۈندىن كېيىن ۋاخاندىن ئايرىلدۇق.

### 6. 2003- يىلى جەنۇۋەدە ئېلان قىلىنغان ۋاخان كارىدورىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتتىن ئېلىنغان ئۈزۈندىلەرنىڭ مەزمۇنى

1. كۆرۈلگەن ۋە كۆرۈلمىگەن نەرسىلەرنىڭ ئومۇمىي خۇلاسىسى

ۋاخان ۋە پامىر رايونى تەتقىقاتىنىڭ مەقسىتى — بۇ رايوندىكى جەڭنىڭ تەسىرىنى، ئىچكى ئۇرۇشنىڭ تەسىرىنى، شەھەر مۇئەسسەسەلىرىنى، ياۋايى ھايۋانلارنى ۋە بۇ رايوننىڭ مۇھىتىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇش بولۇپ، بۇنىڭدا چوڭ پامىر ئاساس قىلىنىدۇ چۈنكى چوڭ پامىر 1979- يىلى سوۋېت تاجاۋۇزىدىن ئىلگىرى دۆلەتلىك باغچا ھېسابلىناتتى.

ئافغانىستاننىڭ باشقا جايلىرىغا سېلىشتۇرغاندا، بۇ رايونلار ئۇرۇش بولغان مەركىزىي رايوندىن يىراق بولۇپ، بۇ ھالەت شۇ مۇھىتتىكى ئىنسانلار ۋە جانلىقلارغا نىسبەتەن پايدىلىق ئىدى لېكىن جەڭنىڭ ئۇزۇن مۇددەت داۋاملىشىشى بۇ رايونلارنى سىرتقى دۇنيادىن ئايرىپ، باشقىلار ئاسانلىقچە بارالمايدىغان بىر ئورۇنغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئۇندىن باشقا، يەرلىك كىشىلەرنىڭ قولىغا خەتەرلىك قورااللار چۈشۈشكە باشلىدى.

بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشىمىزدە، بىز 50 كە يېقىن قۇش تۈرىنى بايقىدۇق، بۇ تۈرلەرنىڭ ئونى يېڭى تۈرلەر بولۇپ، قالغىنى ئىلگىرىكى تەتقىقاتلاردا بايقىلىپ بولۇنغان 117 خىل تۈرنىڭ ئىچىدە بار ئىدى. بىز ۋاخاندا بەش خىل سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار تۈرىنى جەزملەشتۈردۇق. ئۇلار — قار يىلپىزى، قوڭۇر ئېيىق، بۆرە، ئارقار ۋە سىبىرىيە ياۋا ئۆچكىسى قاتارلىقلاردۇر. گەرچە بىز بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشىمىزدە ئۇرىيال (Urial sheep) قويىنى كۆرمىگەن بولساقمۇ، يەرلىك مەلۇماتلاردا ئۇرىيال قويىنى كۆپ كۆرۈلىدىغان تۈر دېيىلگەن. بىز بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشىمىزدە مولۇننى بايقىمىدۇق. تۆۋەندە بىز بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشىمىزدە بايقىغان ئالتە خىل سۈت ئەمگۈچى ھايۋاننىڭ تارقالغان ئورنى ۋە تىزىمغا ئېلىنغان ئۇچۇرلىرى ھەققىدە توختىلىمىز:

(1) قار يىلپىزى

بىز ۋاخان رايونىدا خەتەرگە ئۇچراۋاتقان يوقىلىش ئالدىدىكى ياۋايى ھايۋان — قار يىلپىزىنى بايقىدۇق. ئۇنىڭدىن باشقا، چوڭ-



(قار يىلپىزى ۋە ئۇنىڭ ئىزى)

كىچىك پامىر رايونلىرىدىن بۇ يىلپىزنىڭ يېڭى ئىزلىرىنى بايقىدۇق. بىزدە بۇ يىلپىزلار ياشايدىغان مەركىزىي ئورۇنلارنىڭ ئىشكەشىم ۋە قەلئەيىپەنجە ئارىسىدىكى بۆلەك بىلەن قەلئەيىپەنجە تەرەپتىن ۋاخان دەرياسىنىڭ بىر قانچە كىلومېتىرلىق يەرلىرىگىچە بولغان ئورۇن ئىكەنلىكى ھەققىدە دەلىللەر بار. بۇ رايونلار بۇ تۈرنىڭ ئۇزۇن مۇددەت ساقلىنىپ قېلىشى ئۈچۈن كۆڭۈلدىكىدەك جايدەك كۆرۈنىدۇ. بىراق قار يىلپىزى بۇ رايوندا ئىنسانلار بىلەن ناھايىتى چوڭ زىددىيەتتە بولۇپ، ئۇلار چارۋىچىلارنىڭ چارۋىلىرىنى ئۆلتۈرىدۇ، كىشىلەر ئۇنى ھەددىدىن زىيادە ئوۋلايدۇ. ھەتتا چارۋىچىلار قار يىلپىزىدىن ئۆزلىرىنىڭ ئۆچىنى ئېلىش ئۈچۈن بۇلارنى مەقسەتلىك ئۆلتۈرىدۇ.

(2) قوڭۇر ئېيىق



(قوڭۇر رەڭ ئېيىق ۋە ئۇنىڭ تېزىكى)

بۇ ئېيىق چوڭ-كىچىك پامىر رايونلىرىدا كەڭ تارقالغاندەك كۆرۈنىدۇ. كۆپلىگەن پادىچىلار بۇ ئېيىق بىلەن ئۇچرىشىشنى نورمال ئىش دەپ قارايدۇ. بىز بىر قانچە ئېيىقنىڭ يازلىق تۇرالغۇ ئەتراپىغا پىشمىغان ئارپىلارنى يېيىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى كۆردۇق. بۇ ھايۋان چارۋا-ماللارغا تەسىر يەتكۈزمىگەن لېكىن ئۆلگەن ھايۋانلارنىڭ جەسەتلىرىنى يەپ تۈگىتىۋەتكەنلىكى ھەققىدە مەلۇماتلار بار. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇلار زىرائەتلەرنى ۋەيران قىلىۋەتمەيدۇ. پادىچىلار ئېيىقلاردىن قورققاندەك، ئېيىقلارنىڭمۇ ئۇلاردىن قورقىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، پادىچىلار مەخسۇس ئېيىق ئوۋلاش ئۈچۈن چىقمايدۇ ئەمما ئۇلار ئوق ئوۋلاۋاتقاندا ئېيىق ئۇچراپ قالسا ئېيىقلارنى ئېتىۋېتىشى ئاددىي ئەھۋالدۇر. ئەڭ يېقىنقى ئېيىق ئېتىۋېتىش ۋەقەسى كىچىك پامىردىكى باخارەك دېگەن يەردە يۈز بەرگەن بولۇپ، بىز بۇ تەتقىقاتىمىزنى باشلاشتىن ئىككى ھەپتە بۇرۇن بىر ئېيىق ئېتىۋېتىلگەن.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)